# ئىنسان بەدىنىدىكى ھەر بىر ئۆگىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن كۈندە سەدىقە قىلىپ تۇرىشى لازىم. ئىككى كىشى ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىشى سەدىقە بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ ئۇلۇغىغا مىنىشىگە ياردەم بىرىشى ياكى ئۇلاغ ئۈستىدىكى كىشىگە نەرسىسىنى سۇنۇپ بىرىشى قاتارلىقلارمۇ سەدىقە بولىدۇ. ياخشى سۆز سەدىقە بولىدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىنسان بەدىنىدىكى ھەر بىر ئۆگىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن كۈندە سەدىقە قىلىپ تۇرىشى لازىم.ئىككى كىشى ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىشى سەدىقە بولىدۇ.بىر كىشىنىڭ ئۇلۇغىغا مىنىشكە ياردەم بىرشى ياكى ئۇلاغ ئۈستىدىكى كىشىگە نەرسىسىنى سۇنۇپ بىرىشى قاتارلىقلارمۇ سەدىقە بولىدۇ.ياخشى سۆز سەدىقە بولىدۇ.ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە ماڭغان ھەر بىر قەدەم سەدىقىدۇر.يولدىن كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋىتىش سەدىقىدۇر
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ھەر بىر ئۆگىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن كۈندە سەدىقە قىلىپ تۇرۇش لازىم. ئۆگىلەرنىڭ سانى 360 «ئۈچيۈز ئاتمىش» دۇر، رەسۇلۇللاھ شۇنىڭدىن كېيىن سەدىقە ھىسابلىنىدىغان ئىشلارنى مىسال ئالدى. ئۇ ئىشلار ھەركەت ۋە سۆز ئارقىلىق، چەكلىك ۋە چەكسىز بولىدۇ، دېدى. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ يەردە تىلغا ئالغىنى پەقەت بىر مىسال سۈپىتىدە بايان قىلىنغاندۇر. ئىككى كىشى ئارىسىدا ئادىل بولۇش دېگەنلىك ھۆكۈم قىلغاندا ۋە ئىسلاھ قىلغاندا بارلىققا كىلىدۇ. ئۇ سۆز ئارقىلىق باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر. بىر كىشىگە ئۇلۇقىغا مىنىشتە ياردەم بىرىش ياكى يۈك-تاقىسىنى سۇنۇپ بېرىش دېگەنلىك، ھەركەت ئارقىلىق مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر. ياخشى سۆزگە زىكىر-تەسبىھ، دۇئا ۋە قىرائەت، تەلىم-تەربىيە ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش قاتارلىقلار كىرىدۇ. ئۇ چەكلىك چەكسىز سۆز بىلەن بولىدۇ. مۇسۇلمان كىشىنىڭ مەسچىتكە ماڭغان قەدىمى ئۆزىگە قىلغان سەدىقە بولىدۇ. بۇ چەكلىك ئىش-ھەركەت. يولدىن كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋىتىش يەنى تىكەن، تاش، ئەينەك پارچىسى ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار. بۇ چەكسىز ئىش-ھەركەت

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4568

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee